# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ پەرمانى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

3. يې پېيجېيەن، ۋۇ ۋېنجۈن، نەن رېندۇڭ(مانجۇ)، گۇ فاڭجوۋ، چېڭ كەيجيالارغا «خەلق ئالىمى» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛

يۈ يى(ئايال)، ۋېي شىخۇا، گاۋ مىڭشۈەنلەرگە «خەلق مائارىپچىسى» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛

ۋاڭ مېڭ، چىن يى(ئايال)، گو لەنيىڭ(ئايال)لارغا «خەلق سەنئەتكارى» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛

غەيرەت ماموت(ئۇيغۇر)، شېن لياڭلياڭ، مەي شيەندې، جاڭ چاۋلارغا «خەلق قەھرىمانى» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛

ۋاڭ ۋېنجياۋ، ۋاڭ يوۋدې(خۇيزۇ)، ۋاڭ جىمىن، ۋاڭ جىسەي، بۇرماقان مولدۇ(ئايال، قىرغىز)، جۇ يەنفۇ، لى باۋگو، دۇگۇيما(ئايال، موڭغۇل)، گاۋ دېرۇڭ(دۇلۇڭزۇ)لارغا «خەلق ئۈلگىسى» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛

رېدى(زاڭزۇ)غا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن تۆھپىكار» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛

دۇڭ جيەنخۇاغا «‹بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش› كۆزگە كۆرۈنگەن تۆھپىكارى» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛

لى داۋيۈگە «دىپلوماتىيە خىزمىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تۆھپىكار» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛

فەن جىنشى(ئايال)غا «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن تۆھپىكار» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى **شى جىنپىڭ**

2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

### «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار» تەكلىپ نامزاتلىرى ئېلان قىلىندى

# شىنجاڭ ۋە بىڭتۇەندىن 13 كىشى تاللاندى

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»دىن ئۆگىنىش ـ تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى تەشكىلىي كومىتېتى ئىشخانىسى «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار» تەكلىپ نامزاتلىرىنى ئېلان قىلدى، بۇلار 278 شەخس، 22 كوللېكتىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىنجاڭدىن ئون كىشى تاللاندى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن ئۈچ كىشى تاللاندى.

شىنجاڭدىن «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار» تەكلىپ نامزاتلىقىغا تاللانغان ئون كىشى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا: دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدىغان دۆڭگۈرمۇ چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىدە 50 نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ چېگرانى چارلاپ، چېگرانى قوغدىغان بۇرماقان مولدۇ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان پىداكارلىق روھى بىلەن بىر خەلق ساقچىسىنىڭ پارتىيەگە سادىق بولۇش، خەلققە سادىق بولۇشتەك جاراڭلىق قەسىمىنى شەرھلىگەن پۈتۈن مەملىكەت جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى غەيرەت ماموت، دۇنيا بويىچە تۇنجى يۇلغۇن توشقانزەدىكى ئۈلگە كۆرستىش بازىسىنى قۇرغۇچى — كېرىيە توشقانزەدىكى ئۆستۈرۈش مەيدانىدىكى داڭلىق قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسى ليۇ مىڭتىڭ، ئۇزاق مەزگىل قارلىق ئېگىزلىكتە يىلتىز تارتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتكەن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بەلدىر ساقچىخانىسىنىڭ يېتەكچىسى نادىربەگ ئاۋازبەگ، ھەر مىللەت قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 30 نەچچە قېتىم جەمئىي 7000 مىللىلىتىردىن ئارتۇق ھەقسىز قان تەقدىم قىلغان بېتيۈن مېدالىغا ئېرىشكۈچى ۋۇ دېڭيۈن، ئۇچتۇرپان ناھىيەسى ئالغا بازارلىق دۆلەت ئورتاق تىلى باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇرغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى قۇربان نىياز، ماۋ جۇشىنىڭ ئىككى قېتىم سەممىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن قۇربان تۇلۇم، ئاساسىي قاتلام تەپتىش مەھكىمىسىدە يىلتىز تارتىپ، 31 يىل قەتئىي تەۋرەنمەي قانۇنچىللىقنى قوغدىغان، ئادالەتنى ياقلىغان «مەملىكەتلىك نەمۇنىچى تەپتىش ئەمەلدارى» جاڭ بياۋ، ئۈچ قېتىم لوپنۇر كۆلىگە كىرىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆسۈملۈك ۋىرۇس ئىلمىي تەتقىقاتىغا پۇختا ئاساس سالغان پېڭ جيامۇ، ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، «ھۈنەرۋەن روھى» بىلەن ئۆزىگە تەلەپ قويغان تېخنىكا ـ ماھارەت ئۈلگىسى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى سەيپىدىن ئىسرائىلدىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن تاللانغان ئۈچ كىشى: «فېڭچياۋ تەجرىبىسى»نى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر خەلق مۇرەسسەچىسى ليۇ خوۋېن، ئىلگىرى بىر كۈندە 120 مو يەرنى تېرىشتەك ئەمگەك رېكورتىنى ياراتقان يېڭى جۇڭگودىكى بىرىنچى ئەۋلاد ئايال ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى جىن ماۋفاڭ، چېگرا لىنىيەسىدە مال بېقىپ چېگرا چارلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 200 نەچچە مىڭ كىلومېتىرغا يەتكەن چېگرا قوغدىغۇچى ۋېي دېيوۋدىن ئىبارەت.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، ئىلغار نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش ـ تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى خىزمەت كومىتېتى، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتى، مائارىپ مىنىستىرلىقى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى، گوۋۇيۈەن دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى بىرلىكتە «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»دىن ئۆگىنىش ـ تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى كەسىپلەر، ھەرقايسى ساھەلەردە بارلىققا كەلگەن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدىن، ئاممىنىڭ ئەتراپىدىن كەلگەن ئىلغار نەمۇنىچىلار باھالىنىپ تەقدىرلىنىدۇ.

پائالىيەت 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ تاللاپ كۆرسىتىشى، ئاممىنىڭ توردا بېلەت تاشلىشى، تەشكىلىي كومىتېتنىڭ مەركەزلىك قاراپ چىقىشى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن، 300 نەپەر «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار» تەكلىپ نامزاتى بارلىققا كەلدى.

# ئۆگىنىشتە چوڭقۇرلۇققا ئەھمىيەت بېرىش ھەرىكەتتە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىنتىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كونكرېت كۈندىلىك ئۆگىنىش پىلانى جەدۋىلىنى تۈزۈپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋاقتى ئورۇنلاشتۇرۇشى، باش تېمىسى، مەزمۇنى، شەكلى قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئېغىپ كەتمەسلىك، تۈرنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، مەۋھۇملاشتۇرۇۋەتمەسلىك، ئومۇملاشتۇرۇۋەتمەسلىك، ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ كادىرى ۋاڭ گوچياڭ مۇنداق دېدى: «مەن ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىمنى ئۆستۈرىمەن».

ئۆگىنىش شەكلى، ئۇسۇلىنى بېيىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلغاندىن باشقا، ئىلى ئوبلاستىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار يەنە ئۆگىنىش بىلەن تۈزىتىشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇردى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار بەس ـ بەستە كەنتلەرگە، مەھەللىلەرگە بېرىپ، مۇلازىمەتنى قانات يايدۇردى ھەم ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرەك ساداسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، خەلق ئاممىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئۆگىنىشنىڭ قاراتمىلىقى، ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى.

ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى قاتارلىق تارماقلار، ئورۇنلار باش تېما تەربىيەسىنى فۇنكسىيەسى، مەسئۇلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە پۇختا بولۇش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ئەمەلىي بولۇش، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ ھەقىقىي تېپىش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەقىقىي بولۇشتا چىڭ تۇردى؛ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، رەھبەرلەر ئۈلگە، باشلامچى بولۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى باش تېما تەربىيەسىنى تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىدە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئايىغى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر، زېھنى ئوچۇق، قەلىمى كۈچلۈك» بولۇشنى كۈچەيتىش تەربىيە ـ ئەمەلىيەت خىزمىتى بىلەن ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

### تارباغاتاي ۋىلايىتى:
### ئاساسىي لىنىيەنى گەۋدىلەندۈرۈش ئىشنى تۈزىتىشتىن باشلاش

تارباغاتاي ۋىلايىتى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، دىققەتنى باش تېما، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى قەلبلەرگە سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىللە، بالدۇر پىلانلاش، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، قاتتىق تەلەپ قويۇشتا قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، باش تېما تەربىيەسىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە باشلاش، يۇقىرى سەۋىيەدە ئالغا سىلجىتىش، يۇقىرى سۈپەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتى ئىشنى مەسىلىلەرنى تۈزىتىشتىن باشلاپ، ئەينەن ئۆگىنىش، مەسىلىگە تەتبىقلاپ ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزىتىپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلە ۋە جىددىي مەسىلىلەرنى توغرا، ئەمەلىي تېپىپ، مەسىلە تىزىملىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، مەسىلىلەرنى دەل جايىدا، ئۈزۈل ـ كېسىل تۈزىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. رەتلەپ چىقىلغان «ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلىق ئىستىلى» «دوختۇرلۇق ئەخلاقى، دوختۇرلۇق ئىستىلى» «دەپنە مۇلازىمىتى» قاتارلىق ئۈچ جەھەتتە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، بىر ـ بىرلەپ جايىدا ئەمەلىيلەشتۈردى، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈردى. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۆستۈرۈش، يېزا مۇھىتىنى بىرتۇتاش تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش تۈرى قاتارلىق ئۈچ ئەمەلىي، ياخشى ئىشنى ياخشى قىلىپ، يىل ئاخىرىدا 2822 يۈرۈش ئەمىن تاپقۇزۇپ خەلقنى بېيىتىش ئۆيى قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ بىخەتەر بولۇشى ھەم يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئۆلچىمىگە يېتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىنى نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەيدۇ؛ تۇرمۇش يۇندىسىنى تۈزەش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان يېزا مۇھىتىنى بىرتۇتاش تۈزەش تۈرىنى يولغا قويۇپ، يىل ئاخىرىدا 19 كەنتنىڭ تۇرمۇش يۇندىسىنى قالايمىقان چىقىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ.

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئايدىن ئاقاتبېك مۇنداق بىلدۈردى: بىز شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزەش سالمىقىنى زورايتىپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىناق، ئېكولوگىيەلىك، ئولتۇراقلىششقا باب كېلىدىغان تارباغاتاي قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز».

### ئالتاي ۋىلايىتى:
### ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، ئەمەلىي تۈزىتىش

ئالتاي ۋىلايىتى مۇنداق تەلەپ قىلدى: ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ پارتىيە تەشكىلاتى شۇجىلىرى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى كۆڭۈل قويۇش، ئەستايىدىل بولۇشقا، ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيەتنى ئىگىلەشكە، كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆپ ئويلىنىش، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك بولۇش، ئەتراپلىق ئىگىلەپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشقا تەشكىللىشى كېرەك؛ رەھبەرلىك بەنزىلىرى كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ، بىر ھەپتىدىن كەم بولمىغان مەركەزلىك ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسى، ۋەزىيەت ـ سىياسەت تەربىيەسى، ئىلغار تىپلار تەربىيەسى، ئىبرەت تەربىيەسىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلىرىدىكى تارماقلار، ئورۇنلار ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەر، ئاممىۋى لۇشيەننى ئىدىيەسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش، ھەرىكىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز قارىمىقى، ئۆز ساھەسىدىكى ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بېكىتىپ، تۈزىتىشنى كۆزدىن قاچۇرۇپ قويماي چىڭ تۇتتى. ھازىر ۋىلايەتتىكى چەت، يىراق كەنت دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمناتىنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش؛ 17 مىليون يۈەنلىك چوڭ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئوبوروت فوندى تەسىس قىلىپ، فوند باشقۇرۇش چارىسىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتەلىشى، داۋالىنالىشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ شەھەر ـ يېزىلاردا «بىر يۈەنلىك قاتناش» ئاممىۋى ئاپتوبۇس لىنىيەسىنى ئېچىپ، قاتناش لىنىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېھقان ـ چارۋىچى ئاممىنىڭ يول يۈرۈشىنى تېخىمۇ ئەرزان، تېز قىلىش قاتارلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش ئەمەلىي ئىشلىرىنى بېكىتتى، نۆۋەتتە ھەممىسى يولغا قويۇلدى.

ئالتاي ۋىلايەتلىك سەھىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ياۋ پېيچېڭ مۇنداق دېدى: «بىز ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە سىستېمىسىدا قانات يايدۇرۇلغان ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات تۇبېركۇليوز ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇپ داۋالاش، قۇتقۇزۇپ ياردەم بېرىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى ‹ئۈچ بىر تۈركۈم› قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاما كېسەل كۆرستىش، داۋالىنىش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەلنى داۋالاش جەھەتلەردە غەم قىلىدىغان، ئەنسىرەيدىغان، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلارنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ ساغلاملىق جەھەتتىكى ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىمىز».

**(مۇخبىرلىرىمىز جاۋ جىيۈن، جاڭ تىڭ، شيا چىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز خەن لىڭ، مېي لى، لى يافىڭ، جاڭ پېيچى)**

# شىنجاڭ ساياھەتتە «ئادەم، بايلىق» تەڭ جانلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

1 ـ ئايدىن 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ھەر ئايدا ساياھەت كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى كۆتۈۋېلىنغان ساياھەتچىلەر سانىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇشتەك ئەھۋال كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 5 ـ ئايدا ئالتە پىرسەنت پوئېنتتىن كۆپرەك يۇقىرى بولدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىمۇ بۇ ئالاھىدىلىك كۆرۈلدى.

مەسىلەن، بايىنغولىن ئوبلاستىدا، سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچى كۆپىيىش، قونىدىغان ساياھەتچى كۆپىيىش بايىنغولىن ئوبلاستى ساياھەت كىرىمىنىڭ زور نىسبەتتە ئېشىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. «بىز ‹خەلقئارا ھەربىي ئىشلار مۇسابىقىسى — 2019› قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈشنى پۇرسەت بىلىپ، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ساياھەت بايلىقى ھەم مىللىي خاسلىقى يۇغۇرۇلغان ‹ھەربىي ئىشلار ساياھىتى› ‹قىزىل مەدەنىيەت ساياھىتى› ‹تەتقىقات، ئۆگىنىش ساياھىتى› قاتارلىق ئېسىل ساياھەت لىنىيە مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، سىرتتىن كەلگەن تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى جەلپ قىلدۇق» دېدى دۇەن شۆپىڭ. يېزا ـ كەنت ساياھىتى سىجىل جانلاندى، كېچىلىك ئىقتىسادنىڭ قەد كۆتۈرۈشىمۇ ساياھەت تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ تۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، شۇ ئارقىلىق ساياھەت ئىستېمالىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدى.

ھەرقايسى رايونلارنىڭ مول، رەڭدار مەدەنىيەت ساياھەت پائالىيەتلىرى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدىغان، ساياھەت كىرىمىنى ئاشۇرىدىغان مۇھىم سەۋەبكە ئايلاندى، بولۇپمۇ قىسمەن ساياھەت بايرىمى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى. مەسىلەن، بۇ يىل 8 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ئالتاي تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا ئالتۇن، گۆھەر، قاشتېشى مەدەنىيەت بايرىمىدا، سەككىز كۈندە قاتناشقان ئومۇمىي ئادەم سانى 360 مىڭ 600 ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، بىۋاستە، ۋاستىلىك ئىقتىسادىي كىرىم 270 مىليون يۈەنگە يەتتى.

بۇ يىل، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى رايونلار كونا داڭلىق ساياھەت تاۋارلىرى، ئۆزگىچە قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، مول يەرلىك خاسلىققا ئىگە، خاس سۈپەتلىك ماركىغا ئىگە، ساياھەتچىلەرنىڭ قىزغىن ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن داڭلىق ساياھەت تاۋارلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، سېتىلىشى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ساياھەت كىرىمىنى ئاشۇردى. «بۇ يىل، ئالتاي ۋىلايىتى ساياھەتچىلەرنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تۆگە سۈتى، ئالتاي ئېتى، مۈزلۈك كالىسى، چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي، سېرىق ئالتۇن، گۆھەر، جىغان مېۋىسىنى چۆرىدەپ، ساياھەتچىلەر ياقتۇرۇپ سېتىۋالىدىغان، ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق بولغان بىر تۈركۈم ‹ئالتاي سوۋغىتى›نى تەييارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇندىدار كىچىك پروگراممىسىنى ئېچىپ، ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، ئۇلۇنگۇر كۆلى سوغۇق سۇ بېلىقى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى توردا ساتتى، شۇنداقلا يېڭىدىن 22 دۇكان قۇرۇپ، ئەمەلىي دۇكان بىلەن توردا سېتىش تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ‹ئالتاي سوۋغىتى› ماركېتىنىڭ تورىنى شەكىللەندۈردى» دېدى ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ۋاڭ جۈنئەن تونۇشتۇرۇپ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دەۋر ئۈلگىسى، پېشقەدەم چېگرا قوغدىغۇچى ۋېي دېيۇ بىلەن خوتۇنى شامالدا تىك تۇرۇپ، لەپىلدەپ تۇرغان دۆلەت بايرىقىغا قاراپ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەقىقىي ھېسسىياتى بىلەن «سېنى سۆيىمەن جۇڭگو!» دەپ توۋلىدى.

بۇ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆلەت شېئىرى كۆيشەننى سۈرەتكە ئالغان چاغدىكى بىر كۆرۈنۈش. سۈرەتكە ئالغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان تارباغاتاي ۋىلايەتلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى غادالەت سەيپۇللا مۇنداق دېدى: «يېرىم ئاي سۈرەتكە ئالدۇق، ھەر كۈنى تەسىرلىنىش، مىننەتدارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆتتۇق».

بۇ يىل 5 ـ ئايدا «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» شىنجاڭ ئۆگىنىش سۇپىسى بىلەن تىيانشان تورى بىرلىكتە، «تىيانشاندا ناخشا ئېيتىپ ۋەتەننى مەدھىيەلەش» قىسقا سىننى توپلاش، قويۇش پائالىيىتىنى قوزغىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى، ياخشى ئەسەرلەر ئۈزۈلمىدى، تارىم ئويمانلىقىدىن ئالتاي تاغ تىزمىسىغىچە، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئىلى دەريا ۋادىسىغىچە، ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرى دۆلەت شېئىرىنى قايناق ھېسسىياتى بىلەن ئېيتىپ، «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇمايمىز» «قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە» قاتارلىق 11 ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىسىنى ئېيتىپ، ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشتەك چەكسىز چوڭقۇر ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈش جۇشقۇن ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى. بۇ كۆيشەن قىسقا سىنلىرى «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» شىنجاڭ ئۆگىنىش سۇپىسىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەر ساھەنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش خۇشال كەيپىياتىنى ياراتتى.

يېقىندا، كۆيشەن ئەسەرلىرىنىڭ 100 ـ قىسمى ئېلان قىلىنغاندا، «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» شىنجاڭ ئۆگىنىش سۇپىسى «100 مەيدان كۆيشەن، 25 مىليون تىلەك — تىيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرى ناخشا ئېيتىپ ۋەتەننى مەدھىيەلىدى» قىسقا سىننى ۋە ماقالىسىنى ئىشلىدى ھەم ئېلان قىلدى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قاراماي شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى قاتارلىقلارغا قاراشلىق ھەرقايسى ناھىيە، رايون، شەھەرلەرنىڭ «نۆل ئارىلىق» ئۇندىدار ئاممىۋى نومۇرىدا بەس ـ بەستە تارقىتىلىپ، دوستلار چەمبىرىكىنى سىجىل قاپلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك قىزىق نۇقتىلىق تارقىتىلىشنى شەكىللەندۈردى.